# ھەقسىزلىقنىڭ ئاچچىق قىسمىتى - بۇخارا پاجىئەسى

## ئۆمەر رەشىدوۋ

پۇقرالار ئۇرۇشىدىكى غەلىبىسىدىن مەغرۇرلىنىپ دۇنياۋى ئىنقىلاب ۋەسۋەسىگە چۈشكەن سوۋېت رۇسىيىسى قانلىق قىلىچىنى شەرققە ئۇزاتتى. ئاۋۋال 1920-يىلى فېۋرالدا

خەلقئارا قائىدىلەرگە خىلاپ
ھالدا خىۋە خانلىقى
يوقىتىلدى ۋە
سوۋىتلاشتۇرۇلدى. شەرققە
ئۆتىدىغان ئىستراتېگىيىلىك
جايىدىكى بۇخارانىڭ
مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇشى ھەم سوۋېت
رۇسىيىسىگە ياقمىدى.

نەتىجىدە تۈركىستان
فرونتى قوشۇنىنىڭ قوماندانى
مىخائىل فىرونزې بۇخاراغا
قارشى ھەربىي ھەرىكەتلەرنى
تېزلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ
1920 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 -
كۈنى لېنىنغا تۆۋەندىكى
مەزمۇندا تېلېگرامما
يوللىدى :

...»بۇخارا ئەمىرى بىزگە قارشى ئۇرۇشقا تەييارلانماقتا. ئۇ ئافغانىستان بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزدى. ئەمىرلىك شۇ تەرىقىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرسا بىزنىڭ شەرقتىكى سىياسىتىمىز چولاق بولىدۇ. تۈركىستان فرونتى ھەربىي كېڭىشى تۈرك كومىسسىيىسى ۋە ئۆلكىدىكى باشقا ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى بىلەن

ئەمىرلىك مەسلىسىنى يېقىن كۈنلەردە ھەل قىلىشقا كېلىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەييارلىقلار پۈتتۈرۈلدى:

1200كىشىلىك بۇخارا قىزىل ئارمىيىسى تەشكىللەندى .ھۆكۈمەت تەركىبى تۈزۈلۈپ، بارلىق ئورگان ۋە ئىدارىلەرگە لايىق

كىشىلەر تاللاندى .
ئەمىرلىكنى يوقىتىشتا قىزىل
قوشۇنلار تەييار. بۇخارانىڭ
خەلقئارا ۋەزىيىتى ياخشى
ئەمەس، جامال پاشا بىلەن
بولغان سۆھبەتتىن مەلۇم
بولدىكى تۈركىيە تەرەپ
ئەمىرلىكنى يوقىتىشىمىزغا
قارشى ئەمەس. ئامانۇللاخان
بولسا ئافغانىستاندىكى
ئىچكى بىلەن مەشغۇل

بولغاچقا بۇخاراغا ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئىرانغا كەلسەك ئۇ يەردىكى ئىشلارنى بىزنىڭ دىپلوماتلىرىمىز ھەل قىلىدۇ. شۇلارنى نەزەردە تۇتۇپ قۇلاي پۇرسەتتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن مەركەز رۇخسەت بەرسە،8 – ئاينىڭ 20 – كۈنلىرى ئەتراپىدا ھەل قىلغۇچ ھەرىكەتنى باشلايمىز .P. A.)« Shevotsukov. "Stranitsy

istorii Grajdanskoy voyny”. M., 1992, str. 180–181).

تۈركىستان فرونت قوماندانى: م. فرۇنزې

ئەزالىرى :ۋ. كۇيبىشېۋ، يۇ. ئىبراگىموۋ

شۇنى كۆتۈپ تۇرغاندەك RSFSRقوراللىق كۈچلىرى باش قوماندانى س. كەمىنېۋ ۋە

باش شتاب باشلىقى تاماندىن
«رۇخسەت بېرىلسۇن»دېگەن
جاۋاب كەلدى. بۇنىڭدىن
روھلانغان مىخائىل فرۇنزې
1920-يىلى 8-ئاينىڭ 12-
كۈنى ئەمىرلىكنى يوق قىلىش
مەقسىتىدە تۆت ھەربىي
كورپۇس تۈزۈشكە بۇيرۇق
بەردى. بۇلار چارجۆي، كاگان،
كاتتا قورغان ۋە سەمەرقەنت
كورپۇسلىرىدىن بولۇپ

سەمەرقەند – بۇخارا فرونتىغا بويسۇناتتى. مەزكۇر فرونتنىڭ تەركىبى مۇنداق ئىدى: 7000مىڭ پىيادە ئەسكەر،2يېرىم مىڭ ئاتلىق ئەسكەر،5 ئېغىر توپ،35 يېنىك توپ،206 زەمبىرەك، 5برونىي پويىز،5برونېۋىك ماشىنا ۋە 11 ئايروپىلان (Voenno – istoricheskiy jurnal, №10, 1940; str. 72).

ئەمىر ئارمىيىسىدە 16مىڭ سەرۋاز بولۇپ سەپەرۋەر قىلىنسا 27مىڭ سەرۋاز يىغىش مۇمكىن ئىدى. ئۇلاردا 55 كونا توپ ۋە 12 پىلىموت بار ئىدى. (X. Sh. Inoyatov. Narodi Sredney Azii v borbe protiv interventov i vnutrenney kontrrevolyutsii. M., 1984, str. 345) كۈچلەر نىسبىتىدىن قارىغاندا ئەمىر

قوشۇنى ساندا كۆپرەك بولسىمۇ ئەمما تېخنىكا ۋە ھەربىي ماھارەت جەھەتتە قىزىل ئارمىيە قوشۇنى ئۈستۈن ئىدى. چۈنكى بۇخارا سەرۋازلىرىغا مۇتلەق ناتونۇش بولغان ئاۋتوماشىنلار، پويىز ۋە ئايروپىلانلار فېئودال ئەمىر ئارمىيىسىگە قارشى تۇراتتى.

شۇ تەرىقە مۇستەقىل بۇخارا ئەمىرلىكى تەقدىرىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىشقا كىرىشىلدى. شۇ ئارىدا يەنى 16ئەلپىدائەلپىدا18 ئاۋغۇست كۈنلىرى چارجۆيدە (BKPبۇخارا كومپارتىيىسى) نىڭ 4-يىغىنى بولۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭغا 110 ۋەكىل قاتناشتى ۋە مۇتلەق كۆپ ئاۋاز بىلەن بۇرژۇئا پارتىيىلىرىنىڭ

تارقىتىلغانلىقى ھەمدە ئەمىرگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا قارار قوبۇل قىلدى. بولشېۋىكلارنىڭ ئۈستىلىق بىلەن ئويلاپ تاپقان پىلانلىرى ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىدى. تارىختا «يەلپىي قوزغىلىڭى»دەپ ئاتالغان ھەرىكەت 23 – ئاۋغۇست باشلاندى. بېشىم سەرداۋ باشچىلىقىدىكى ياللانما

تۈركمەن ئاتلىقلىرىنىڭ يارىدىمىدە كونا چارجۆي ئىشغال قىلىندى. بەگ ئەمەلدارلىرىدىن 100دىن ئارتۇق كىشى ئەسىر ئېلىندى. بەگلىك خەزىنىسى قولغا چۈشۈرۈلۈپ بايلىقلار تېزلا چارجۆي رايونلۇق كومىتېت ۋە يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ قولىغا ئۆتتى. بەگ بولسا قېچىپ كەتتى. كېلىشىلگىنى بويىچە

شۇ كۈنى چارجۆي رايونلۇق كومىتېت تۈركىستان فرونتىغا مۇراجىئەت قىلىپ «پۈتۈن بۇخارا خەلقى »نامىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئالدىن تەييارلانغان پىلان بويىچە تۈركىستان فرونتى قوماندانى فرۇنزىگە ئاشۇنداق «ئاقلىغۇچى»ھۆججەت زۆرۈر ئىدى.

چارجۆي رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇراجاتىنى تاپشۇرۇۋالغان قوماندان 1920 – يىلى 25 – ئاۋغۇست 3667 – نومۇرلۇق مۇتلەق مەخپىي بۇيرۇق ئېلان قىلدى:

«بۇخارا خەلقىگە ئىنقىلابى ياردەم بېرىش مەقسىتىدە سەمەرقەنت – بۇخارا فرونتى 28 – ئاۋغۇست كەچكىچە

ھەربىي ھەرىكەتنى باشلىسۇن. ئاساسى كۇچلەر كونا بۇخارا ئەتراپىغا توپلانسۇن···

بۇيرۇق: كونا بۇخارا ئىگىلەنسۇن. دۇشمەن كۇچلىرى شەرق شىمالغا قوغلىۋېتىلسۇن. ئاندىن چارجۆي، كاگان، كاتتا قورغان كورپۇسلىرى ھەمكارلىشىپ دۇشمەننىڭ ۋابكەنت،

غىجداۋان، ۋەنغازە ۋە باھائۇددىندىكى كۈچلەرنى تارمار قىلسۇن.

تۈركىستان فرونتى قوماندانى م. ۋ. فرۇنزې»

بۇيرۇققا ئاساسەن تۈزۈلگەن 4 كورپۇس (گۇرۇھ) نىڭ ھەر بىرىگە ئالاھىدە ھەربىي ۋەزىپە تاپشۇرۇلغان ئىدى:

1.ســەمەرقەنەد كورپۇســى
29 – 30 – ئاۋغۇستتا تۇركستان
ئــوقچى پــولكى، تۇركـــستان
ئـــاتلىق 1 – دىۋىزىيـــــسى،
تۇركـــستان ئـــاتلىق ئالاھـــدە
بىرىگادىـــسى ۋە ئىنژىنىـــرلار
روتىسىنىڭ ياردىمــدە شــەھرى
ســەبز – كىتـــاپ يۆنىلــشىدە
ھەرىكەت قىلىــپ قەشقەدەريا
ۋادىــسىغا چىقىــپ، قارشـــى ۋە

غوْزار شەھەرلىرىنى ئېگىلىشى كېرەك.

2.كاتتاقورغان كورپۇسى شۇ كۈنلىرى ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونال كاۋالېرىيە پولكى بىلەن خەتىرچى ۋە زىياۋۇددىن شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىشى كېرەك.

3.چارجۆي كورپۇسى تەركىبىدىكى 4 - ئوقچى

پولك،8-ئوقچى پولكنىڭ بىر باتالىيونى، ئارتىرىللىيە دىۋىزىيىسى، ئاتلىق دىۋىزىيە ۋە تۈركمەن ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە 29-ئاۋغۇست كۈنى ئەتىگەن سائەت 4:00دە چارجۆينى ئىگىلىگەندىن كېيىن بۇخارا-تەرمىز ۋە ئامۇ دەريا ئەتراپىنى كۆزىتىپ، ئافغانىستان چېگراسىنى نازارەت قىلىشى زۆرۈر.

4.ئاساسى ۋەزىپىنى كاگان كورپۇسى زىممىسىگە ئالغان. ئۇنىڭ تەركىبىدە يېڭى بۇخارا (كاگان) ۋە قارشى گارنىزونى،4–ئاتلىق پولك، مۇسۇلمانلار شەرقى 1–پولكى ۋە 7–ئوقچى پولك بولۇپ، كونا بۇخارا قەلئەسىنى ئىگىلەش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن ئىدى.

ئوپراتسيينى قاتنتىق مەخپى تۇتۇش ئۈچۈن 29 – ئاۋغۇست مىخائىل فىرۇنزىنىڭ 017 – نومۇرلۇق يەنە بىر بۇيرۇقى ئېلان قىلىنغان.ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

»كاتتا قورغاندىن كاگانغىچە بولغان مۇساپىدە كېتىۋاتقان ماشىنا–

ۋاگونلارنىڭ ئەينەكلىرىگە
پەردە تارتىلىپ پەقەت
تۈڭلۈكلىرىلا
ئېچىلسۇن.ۋاگونلارغا (RKP(b))ر
ۇس كومپارتىيىسى ياكى
بولشېۋىك)ۋەكىللىرىدىن باشقا
ھېچكىمنىڭ
يېقىنلاشماسلىقى ھەققىدە
ئاگاھلاندۇرۇلسۇن.«

بىرونى 23 – ئاۋغۇست» 29 –
غەربى كاگاننىڭ پويىز
جەنۇبىدىكى، 14 كىلومېتىر
ئېتنىڭ مىدىكى نېرى
قىشلىقىغا كېلىپ
توختىدى. سائەت 5لەردە
ۋاگوندىكى ئەسكەرلەر چۈشۈپ
يۈكلەرنى نىشاملانغان
ئامبارلارغا جايلاشتۇرۇشقا
باشلىدى. ئەسكەرلەرنىڭ
كۆپىنچىسى قەيەرگە

كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى.شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن كاگانغا كىرىش يوللىرى ئوچۇق بولسىمۇ ئۇ يەردىن ھېچكىم چىقىرىلمىدى»دەپ يازىدۇ شۇ ۋەقەلەر ئۈستىدە بولغان دىۋىزىيە قوماندانى ۋ.كلىمېنتيېۋ (Voprosy istorii, №7, 1993; str. 4).

كونا بۇخارانى قولغا
كىرگۈزۈش ئۈچۈن كاگان
كورپۇسىنىڭ سول قانىتى
شەيخ جالال ۋە قارا كۆل
دەرۋازىلىرى ئارقىلىق ئاساسى
ھۇجۇم ئېلىپ بېرىشى كېرەك
ئىدى.29 – ئاۋغۇست سائەت
9:50تە بىرونى پويىزدىن
چۈشكەن دېسانت قىسمى
ئابشار قىشلىقىنى ئىگىلەپ
شەيخ جالال دەرۋازىسىغا

يېقىنلاشتى.31 – ئاۋغۇست كۈنى – 10 – 5 – 4 پولك، تۈركىستان ئوقچى پولكى،28 – بىرونې پويىز،53 – بىرونېك ماشىنا ئەترىتى ۋە ئېغىر ئارتىللېرىيە باتالىيونى قارشى دەرۋازىسىغا كېلىپ توختىدى.

قارشى دەرۋازىسىغا يېقىن تۆمۈر يولدا تۇرغان – 28 بىرونې پويىز شەھەرنى

شەپقەتسىزلىك بىلەن ئوققا تۇتتى. شەھەر ئوت ئىچىدە قالدى. پەقەت ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىن سىبنتەبىرنىڭ بېشىغىچە بۇخارا شەھىرىگە 12مىڭ سىنارەت، نەچچە مىليون پاي ئوق ئېشلىتىلدى (Voyna v peskax. Pod. red. M. Gorkogo, I. Mintsa i F. Kolesova. M., 1935, str. 292).

بۇ كۈچلەرگە تايىنىپ بىكىتىلگەن مۆھلەتتە شەھەرنى ئېلىش مۇشكۈل بولغىنى ئۈچۈن شەھەرنى ھاۋادىن بومبىلاش قارار قىلىندى. ۋە 31 – ئاۋغۇست كۈنى چارجۆيدىن 25 ھاۋا ئەترىتى ياردەمگە چاقىرىلدى. ئۇلار كېلىپ بولغۇچە 43 – ھاۋا ئەترىتى بومباردىمان قىلىشنى باشلاپ تۇردى. ئۈچقۇچى

فائۇسېكنىڭ يېزىشچە
«كاگان يېنىدىكى ئايرودرومدا
تۈركىستان تارىخىدا كۆرۈلۈپ
باقمىغان بىر مەنزىرە پەيدا
بولغان ئىدى. بۇ يەردە
ئايروپىلانلارنىڭ “فارمان“،
فارسېل”، “ساپۋىچ ”،
“ نيۇپار”، ”بائۇزېن”، ”ئالبەترو
س”دېگەندەك تۈرلىرىنى
كۆرگىلى بۇلاتتى.»

قەدىمى بۇخارا ئەنە شۇ تەرىقىدە ھەم يەردىن ھەم ئاسماندىن بومباردىمان قىلىندى. شەھەرنىڭ قارشى ۋە سەمەرقەنت دەرۋازىلىرى ئاستىغا دورا كۆمۈپ پارتىلىتىلدى. قىزىل قوشۇنلار ۋەيران قىلىنغان سېپىل ئارقىلىق شەھەرگە كىردى. شەھەر ئاھالىلىرى ئايروپىلان ھۇجۇملىرىدىن ۋەھىمىگە

چۈشتى. ئەمىر ئالىمخان
بۇخارانى تامامەن ۋەيران بولۇپ
كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش
ئۈچۈن 31 – ئاۋغۇستتىن
– 1سېنتەبىرگە ئۆتەر كېچىسى
ماهى خاسە ئارقىلىق
غىجداۋان تەرەپكە چېكىندى.
بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان
بۇخارالىقلار ھەم ئانا
شەھىرىنى تاشلاپ ئەمىرنىڭ
ئارقىسىدىن كېتىشكە مەجبۇر

بولدى. 1 – سېنتەبىر كۈنى قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى شەھەرگە كىردى. ئەرك تارتىۋېلىندى، بايلىقلار قولغا چۈشۈرۈلدى. ئەمىرنىڭ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئانىسى، سىڭلىسى، خوتۇنى، ئۈچ ئوغلى، قېرىنداشلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى ئەسىر ئېلىندى.

ئەمما بۇخارا پاجىئەسى بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى . شەھەرنى بومباردىمان قىلىش ۋە ئاھالىنى بۇلاپ – تالاش داۋام قىلىۋەردى. شەھەر قامالىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ن. زىنوۋىيېۋ مۇنداق يازىدۇ:«شەھەر ئاساسەن يانغىندىن ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. كوچىلاردا ئۆلۈكلەر شۈنچىلىك كۆپ ئىدىكى ئۇلارنى يىغىشتۇرۇشقا

ئىمكــان يــوق ئــدى .(A. G’afurov, U. Rashidov. Buxoro Xalq sovetlar jumhuriyati tarixidan lavhalar /1920–1924/. T, 1992, 10–bet). »

»بۇخــارا خەلــق ئىنقىلابــى« نىقابىدىكى بۇ باسقۇنچىلىق نەتىجــــــــىسدە شـــــــــــەھەر 11ئايروپىلانــــدا ئــۈچ كــــۈن

بومباردىمـــــان قىلىنـــــدى. شــەھەرنىڭ بەشـــتىن بىـــر قىسمى ۋەيـران قىلىۋېتىلدى (Voprosy istorii, №7, 1993; str. 42).

قۇرۇق قـول بـوۋايلار، ئايـاللار ۋە باللار ئۈستىدىن8“ قېتىم ئۇچۇپ ئۆتۈپ بومبـا تاشـلىغان ئۇچقــۇچى لېـــسكىن قىزىـــل بـــايراق ئـــوردىنى بىلـــەن

مۇكاپاتلانـــدى (Istoriya ” grajdanskoy voyny v Uzbekistane, Tom II. T., “Fan” , 1970, str. 153).

سوۋېت ئـايروپىلانلـرى 1–2 – سـێـنتەبىر كـــۈنلىرى ئەمىرنى ئىزدەپ تىپىش باھانىسىدە بۇخـارا ئەتراپىدىكى يېزىلارنى ۋە ئاجايىپ ئابىدە ئەلىپدائەلىپدا

ئەمېرنىڭ يازلىق سارىيى ماھى خاسەنى ھەم بومباردىمان قىلدى. بۇنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى ئۇچقۇچى فائۇسېك ئايرودرومغا قۇنۇۋېتىپ مۇنداق دەپ ماختانغان ئىكەن:«بىز بۇخارانى بومباردىمان قىلدۇق. قەدىمى ئەمىرلىكنى ۋەيران قىلدۇق. خۇسۇسەن“ ئەجەل مۇنارى”غا بومبا تاشلاشنىڭ

ماهيەتتە پايدىسى بولمىسىمۇ ماڭا ئالاھىدە زوق-ھوزۇر بېغىشلىدى »
(Voyna v peskax. Pod red. M. Gorkogo, I. Mintsa i F. Kolesova. M., 1935, str. 303).

يەنە بىر ئۇچقۇچى ئۆزىنىڭ ۋەھشىيلىكىنى مۇنداق خاتىرىلىگەن:«قولۇمدا بومبىنى پەسكە قارايمەن،

ھەشەمەتلىك مەسچىتنى، ئۇنىڭ گۈمبەزلىرىنى نىشانلاپ بومبا تاشلايمەن. گۈمبۈرلەپ يەكسان بولىدۇ... كېيىنچە ماڭا "گۈمبۈر"دەپ لەقەم قويۇشتى. ئەنە شۇ شاھىتلارنىڭ ئېيتىراپى بۇخارا خەلقىگە» ياردەم«گە كەلگەن ئارمىيىنىڭ ھېقىقى ئەپتى – بەشىرىسىنى ۋە نىيەتلىرىنى بىلىش ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ.

يەنە بىر مىسال بۇخارادىكى قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ زوراۋانلىقى ۋە بۇلاڭ - تالىڭىنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئېچىپ بېرىشكە تىرىشقان تۈركىستان ئىنقىلابىي ھەربىي بيۇرو "ئۇچلۇكى"نىڭ ئەزاسى ئا. ماشتىسكىي 1920 - يىلى سېنتەبىرنىڭ بېشىدا ۋلادىمىر لېنىنغا يازغان خېتىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «شەھەر

مەركىزى يەكسان قىلىنغان، رېگىستان كۆيدۈرۈلگەن، بۇخارا ئېلىنغاندىن كېيىن شىددەتلىك يانغىن، مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇلاڭ-تالاڭ باشلاندى. رېگىستان ۋە ئامبارلاردىكى بارلىق بايلىقلار بۇلاپ-تالاندى. كۆيمەيدىغان يوغان كۆن ساندۇقلار بۇزۇلدى. بۇلاڭ-تالاڭغا قىزىل ئارمىيە قاتنىشىپ مال-مۈلۈك

بېسىلغان ئېككى ئېشىلان) ماشىنا؟ (eshelon تاشكەنتكە ماڭدۇرۇلدى». بۇ مۇھىم ھۆججەت رۇسىيە دۆلەت ئارخىپلىردىن يېقىندا تېپىلدى.

تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى بۇخارانى يەر بىلەن يەكسان قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپ، بايلىقلارنى بۇلاپ–

تالاشقا ۋە تىنچ ئاھالە ئۈستىگە بومبا ياغدۇرۇشقا باش بولغان تۈركىستان فرونتى قوماندانى م. ۋ. فرۇنزې ھەمدە رايونلۇق سوۋېت ئەزاسى يۇ. ئىبراگىموۋ«بۇخارا ئىنقىلابىغا ئاكتىپ قاتناشقىنى ئۈچۈن «ئالتۇن قىلىچ بىلەن مۇكاپاتلاندى.

دىمەك، ئۆزى قىيىن ئەھۋالدا قالغان، ياردەمگە موھتاج سوۋېت رۇسىيىسى ئەنە شۇنداق ياردەم كۆرسىتىش نىقابىدا بۇخاراغا قارماق تاشلىدى. ئەسلىدە ئۇلارغا بۇخارانىڭ ئالتۇن – تىللاسى، پاختا – يىپەكلىرى، قاراكۆل تېرىلىرى كېرەك ئىدى (F. Qilichev. Mustaqillikning fojiali yo ʻli. “Sharq

yulduzi”, 1992, 7–son, 151–bet).

بولــشېۋىكلار ئــۆكتەبىر ئىسيانىدىن كېيىن چار رۇسىيىدىن مىراس قالغان 1مىليارد 64 مىليون300مىڭ ئالتۇن سومغا ئىگە بولغان ئىدى .بۇ مەبلەغدىن بىرسېت كېلىشىمى بويىچە گېرمانىيىگە 8125مىليون

ئالتۇن سوم تۆلەندى . خەزىنىنىڭ 2355مىليون سومى ئادمىرال كولچاكقوشۇنلىرىنىڭ ئولجىسى بولۇپ كەتتى .قالغان 5755مىليون سوم پۇل ئىنقىلابنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا دال بولمايتتى. بۇخارا خەزىنىلىرىگە ئىنتىلىشنىڭ باش سەۋەبى ئەنە شۇ بولسا كېرەك. ئاسىيا ۋە پۈتۈن

جاھاندىكى مەشھۇر
شەھەرئەلپىدائەلپىدابۇخارائى
شەرىفنىڭ بۇنداق شەپقەتسىز
بومبادىمان قىلىنىشى، مۇنار،
مەسچىت – مەدرىس ۋە
مەقبەرىلەرنىڭ ۋەيران
قىلىنىشى موسكۋادىكى
رەھبەرلەر تەرىپىدىن قوللاپ
رىغبەتلەندۈرۈلۈپ تۇرۇلغان.
تۈركىستان فرونتى قوماندانى
م. ۋ. فرۇنزىنىڭ 1920 – يىلى

3 – سېنتەبىردىكى بۇيرۇقى قارشىمىزنى ھەم تەستىقلايدۇ:«بارچە ئوزۇق - تۈلۈك (نان، غەللە، گۈرۈچ، يەم - خەشەك) لەر، ئەمىر ئارمىيىسىنى تەمىنلىگۈچى بەگلەرنىڭ ھەربىي ۋە ئوزۇق – ئوقەت ئامبارلىرى تېزدىن تۈركستان فىرونت مۈلكى ھساۋىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنسۇن. ئېگىلەنگەن قورال – ئەسلىھە

ۋە بىنالار فىرونت مۆلكى دەپ ئېلان قىلىنىسۇن... قولغا چۈشكەن بارچە بايلىقلار قاتتىق نازارەت ئېتىلسۇن. بىرمۇ تۆمۈر ساندۇق ۋە خالتا(قاپ) لار ئېچىلمىسۇن. بارلىق ئالتۇن ۋە قىممەت باھا بۇيۇملار رويخەتكە ئېلىنىپ پېچەتلىنىپ تېزدىن سەمەرقەنت بانكىسىغا تاپشۇرۇلسۇن, zRMDA (O’ »

46 – f., 1 – ro ‘yxat, 81 – ish, 1 – bet).

بۇخـــــــارادا تـــــــۇرۇپ 15 – سـىـنتەبـىرگـىچە داۋام قىلغـان بۇلاڭ – تالاڭنى ئۆز كۆزى بىــلەن كـــۆرگەن تــۈرك كومـىـســـسـىيە ۋەكىلى گ. سـەفەروۋ مۇنـداق ئېتـــراپ قىلغـــان:«بۇخاراغـــا كەلـــگەن رۇس قوشــۇنلىرى ۋە قىزىـــل گـــۋاردىيەچىلەر ئەڭ

دەسلەپ بۇلاڭچىلىق ۋە زوراۋانلىق قىلدى. ئالدىغا ئۇچرىغان ھەممە نەرسىنى بۇلاپ تالىدى.» (G. Safarov. Kolonialnaya revolyutsiya (Opyt Turkestana). M., 1921, str. 80).

بۇ ۋەقەلەرنىڭ بىۋاستە شاھىتى بولغان بۇخارا باسقۇنى رەھبەرلىرىدىن گ. زىناۋيۋ

قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاچكۆزلۈكى ھەققىدە موسكۋاغا مۇنداق مەلۇمات يوللىغان ئىدى:« ئۈچ كۈنلۈك بۇلاڭ – تالاڭدىن كېيىن كونا بۇخارا چوڭ زىيانغا ئۇچرىدى، ئەمىر قەلئەسى ئۆرۈلدى، نۇرغۇن ئالتۇن ئوغرىلاندى » ( "Navqiron Buxoro" . 1992 yil, 14 avgust).

«ئىنقىلاب»نىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە قولغا چۈشۈرۈلگەن بايلىقلا ر: ئالتۇن، كۆمۈش، قىممەتباھا بويۇم ۋە قارا كۆل تېرىلىرى 14ۋاگونغا جايلاشتۇرۇلۇپ بىۋاستە موسكىۋاغا ماڭدۇرۇلدى.

بايلىقلار شۇ ساناقلىق شەخسلەرگە تېگىشلىك ئىدى . چوڭلارنىڭ ھېكايە قىلىشىچە

بۇخارا شەھرى ۋە بەگلىكتىكى نەچچە مىڭلىغان دۆلەتمەن كىشىلەرنىڭ ئاتا مىراس مال-مۈلكى شۇ تەرىقىدە ھەقسىز تارتىپ ئېلىنغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى بۇخارا ئەمىرى، بەگلىرى ۋە بايلىرىنىڭ مال-مۈلكى مەخسۇس پەرمان-بۇيرۇقلار ئاساسىدا مۇسادىرە قىلىنغان.

شاھىتلار مەلۇماتىغا كۆرە «ئەمىر خەزىنىسىنى تالان-تاراق قىلىش جەريانىدا قىزىل ئەسكەر ۋە كوماندىرلار ئالتۇن-كۆمۈش ئۇستىدە مېڭىپ قەدىمكى بىباھا سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئوغرىلىغان» ("Voprosy istorii", №7, 1993, str. 51).

VChKنىڭ تۈركىستاندىكى ۋەكىلى يان پېتېرس 1920-يىلى سېنتەبىردە ۋلادىمىر لېنىنغا تۆۋەندىكىدەك يازما ئاخبارات يوللىغان؛«بىر نەچچە كۈن بۇرۇن مەن بۇخارا گۇرۇپپىسىنىڭ سابىق قوماندانىنى قاماققا ئالدىم. چۈنكى ئاختۇرغان چاغدا ئۇنىڭدىن بۇ يەردىن بۇلاپ-تالاپ ئېلىنغان بىر قاپ قۇيما

ئالتۇن، تىللا، كۈمۈش ۋە پۇل تېپىلدى. مېنىڭچە بۇخارا يۇرۇشى يۈزىسىدىن ئالاھىدە تەكشۈرۈش كومىسسىيىسى تەشكىللەپ بۇ تەرتىپسىزلىكلەرنى ئېنىقلاپ چىقىش كېرەك.»

بۇخارا ئىنقىلابىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ موسكىۋاغا ماڭغان تۈركىستان فىرونتى قوماندانى

پويىزنىڭVChK خادىملىرى تەرپىدىن ئاختۇرۇلۇشىنى ئەنە شۇ ئاخباراتنىڭ نەتىجىسى دېيىش مۇمكىن. بۇ مەسىلە 1920-يىلى 25-سېنتەبىردە تۈركىستان رېسپۇبلىكىسى ھۆكۈمىتىدە ھەم مۇزاكىرە قىلىنغان.1920-يىلى7-سېنتەبىردە بۇخارا رېسپۇبلىكىسى مۇلكىنى تىزىملاش ۋە قوغداش

كومىسسىيە سى قۇرۇلىدۇ. كومىسسىيە سىپنتەبىرنىڭ باشلىرىدا ئۆز خادىملىرىنى چارجۆي، كەرمەنە، زىياۋۇددىن ، خاتىرىچى، شەھرى سەبز، كىتاب، تىرمىز، غۇزئار ۋە چىراقچىغا ئەۋەتىپ قىچىپ كەتكەن بەگلەرنىڭ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىدۇ (O'zRMDA, 46-f., 1-ro'yxat, 7-ish, 6-bet).

شەھرى سەبزنى ئىگىلىگەن قىزىل ئەسكەرلەر ئۇ يەردە زور مىقداردىكى ئالتۇننى قولغا چۇشۇرگەن (Boevoy put Turkestanskogo voennogo okruga. M., 1959, str. 133). بۇنىڭدىن تاشقىرى پاختا، ژۇڭ، يىپەك، قارا كۆل تېرىسى، قۇرۇتۇلغان مېۋىلەر ھەم مۇسادىرە قىلىنغان. بۇخارا چېگرالىرى تامامەن رۇسىيە

قوشۇنلىرى بىلەن قوغدىلىش بەلگىلەنگەن. ھەتتا مەخسۇس بۇيرۇقتا «ھازىرقى كۆندە بۇخارانىڭ ئۆز قوشۇنلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن رېسپۇبلىكا چېگرالىرىنى رۇسىيە ئارمىيىسى قوغداپ تۇرىدۇ»دەپ تەكىتلەنگەن (UzRMDA, 1-ro ʻyxat, 2-ish, 32-bet).

بۇ ئەلۋەتتە سىياسىي نەيرەڭ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا مۇستەملىكىچىلىكنىڭ يېڭى كۆرۈنۈشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

شۇ تەرىقە بۇخارا جاھاندىن ئايرىلىپ، بولشېۋىكلارنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشتى. كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان

بۇ «ئىنقىلاب» بۇخارا خەلقىگە ئېغىر ماددىي زىيان كەلتۈردى. بۇخارا مەنىۋى جەھەتتىن ھەم مۆلچەرلىگۈسىز زىيان كۆردى. بولۇپمۇ مەسچىت – مەدرىسىلەرنىڭ ۋەيران قىلىنىشى، بۇزۇلماي قالغانلىرىنىڭ بولسا قىزىل قوشۇنلارنىڭ ئات ئېغىلىغا ئايلاندۇرۇلۇشى، مۇقەددەس كىتابلارنىڭ ئاياق – ئاستى

قىلىنىشى، سوۋېتلار
سىياسىتىنىڭ باشتىن-ئاياق
ئادالەتسىزلىك ئاساسىغا
قۇرۇلغانلىقىدىن دالالەت
بەردى. بۇ تۈزۈمنىڭ بار-يوقى
70 يىلدا چەك-چېكىدىن
بۆسۈلۈپ كەتكىنى ھەم بىزنى
ھەقسىزلىقنىڭ ئۆمرى قىسقا
بولىدىغانلىقى ھەققىدە
ئاچچىق لېكىن ھەققانىي
خۇلاسىگە كەلتۈردۇ.

مەنبە: ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «تەپەككۇر ژۇرنىلى»نىڭ 2007 – يىللىق 4 – سانى

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: تۇنىياز ئوسمان